# 259422 ـ ئۆزى نىپىز تىببى جەھەتتە پايدىلىق بولغان پاپپاقا مەسھى قىلىش توغرىسىدا

**سۇئال**

مەن يۇنانىستاندا ئوقۇيمەن، ئايالىم ھامىلدار بولۇپ ئالتىنچى ئايغا قەدەم قويدى، ئايالىم ھامىلدارلىق سەۋەبىدىن ئىككى پۇتىغا ۋېنا ئۆسمىسى پەيدا بولۇپ قالدى، دوختۇر ئۇنى پۇتىنى يۇمشىتىدىغان تىببى پايپاق كىيىشكە بۇيرىدى، بۇ پايپاق نىپىز بولۇپ، ئۇنىڭدىن جىسمى ئوچۇق كۆرۈنىدۇ، بۇ تولۇق ئۇزۇن پايپاق بولۇپ كىچىدىن باشقا ۋاقىتلاردا كىيىپ يۈرىدۇ، بۇ پايپاق ئىشتانغا ئوخشاش ئۇزۇن بولۇپ، پەقەت پۇتىغىلا كىيمەيدۇ، بۇ ھالەتتە قانداق تەرەت ئالىدۇ، بۇ پايپاققا مەسھى قىلامدۇ؟، چۈنكى بۇ پايپاق ئىلاستىكلىق بولغانلىقى ئۈچۈن بۇنى سىلىپ ـ كىيىش قىيىن بولىدۇ، بۇ توغرىدا چۈشەنچە بەرگەن بولساڭلار؟

**تەپسىلى جاۋاپ**

بارلىق گۈزەل ماختاشلار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھقا خاستۇر. پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئۇنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ۋە ساھابىلىرىغا ئاللاھ تائالانىڭ رەھمەت سالاملىرى بولسۇن.

بارلىق ئۆلىمالار نىپىز پايپاققا مەسھى قىلىشتىن چەكلىگەن، پايپاققا مەسىھ قىلىشنى قىلىن بولۇش دېگەن شەرت بىلەن دۇرۇس دېگەن. بۇ ھەقتە تەپسىلى مەلۇماتقا ئېرىشىش ئۈچۈن 228222 ـ نومۇرلۇق سوئالنىڭ جاۋابىغا قارالسۇن.

ئەگەر بۇ سۈپەتلەنگەن پايپاق نېپىز بولۇپ جىسمىنى تولۇق ئىپادىلەيدىكەن، كۆچلۈك قاراشتا ئۇنىڭغا مەسھى قىلىش توغرا بولمايدۇ. لېكىن كېسەللىك سەۋەبى بىلەن ئۇنى كىيىشكە ئېھتىياجلىق بولسا، ھەر قېتىم تەرەت ئالغاندا ئۇنى سىلىپ ـ كىيىش قىيىن بولسا، ئۇنى كىيىشتىن ئىلگىرى تاھارەت ئالىدۇ، ئاندىن ئۇنىڭ ئۈستىگە قىلىن پايپاقتىن بىرنى كىيىدۇ، تەرەت ئالىدىغان ۋاقىتتا، ئۈستىدىكى پايپاققا مەسىھ قىلىدۇ، پايپاقنى سىلىۋەتكۈچە ياكى پايپاققا مەسھى قىلىشنىڭ ۋاقتى تۈگىگىچە شۇنداق قىلىدۇ.

ئەگەر ئۇنداق قىلالمىسا، تىببى پايپاقنى سىلىۋەتسە كېسىلىگە تەسىر كۆرسىتىدىغان ياكى ساقىيىشى كېچىكىدىغان ئەھۋال بولسا، ئۇ ۋاقىتتا پايپاق تېڭىقنىڭ ھۆكمىدە بولۇپ، تۆۋەندىن تارتىپ ئۈستۈنگىچە يەنى يۇيۇش پەرز بولغان ئورۇنغا مەسھى قىلىدۇ. 192736 ـ نومۇرلۇق سوئالنىڭ جاۋابىغا قارالسۇن.

ئەگەر ئاياللىڭىز بۇ پايپاقنى كېچىسى سىلىۋېتىدىغان بولسا، بامدات نامىزىغا تاھارەت ئالسۇن، ئاندىن بۇ تىببى پايپاقنى كىيسۇن، ئاندىن ئۇنىڭ ئۈستىگە يەنە بىر قىلىن پايپاقنى كىيسۇن ۋە ئۇنىڭغا مەسھى قىلسۇن، شۇنىڭ بىلەن مەسھىنىڭ ھۆكمى ئۈستىدىكى پايپاققا بولىدۇ، كېچە بولغاندا، ئىككىنى پايپاقنى سىلىۋېتىدۇ، بامداتقا تاھارەت ئالىدىغان ۋاقىتتا يۇقىرىدا بايان قىلغاندەك قىلسا بولىدۇ.

مەن بۇ سوئالنى ئۇستازىمىز شەيخ ئابدۇرەھمان بەرراكتىن سورىسام شەيخ جاۋاپ بېرىپ بۇ پايپاقتا ئىككى تۈرلۈك ئىش بار ئىكەن دېدى: بۇ پايپاق بىر تەرەپتىن تېڭىقىقا ئوخشايدۇ، چۈنكى ئۇنى كېيىش زۆرۈر، يەنە بىر تەرەپتىن ئۆتۈككە ئوخشايدۇ، مېنىڭ قارىشىمچە، پۇتنى يۇيۇش پەرز بولغان ئورۇنغا مەسھى قىلسا بولىدۇ، مەسھىنىڭ ۋاقتى جەھەتتە تاھارەت ئېلىپ كىيگەن بولسا، ھۆكۈمدە ئۆتۈككە مەسھى قىلىشنىڭ ۋاقتىغا ئوخشاش بولىدۇ.

ھەممىدىن توغرىنى بىلگۈچى ئالللاھ تائالادۇر.